17 ـ قىسىم

# مۇسۇلمانلار ئويلىنىشقا تىگىشلىك مەسىلىلەر

# مۇسۇلمان دوستلارنىڭ ئېتىقات توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىشى
# ئۈمۈد قىلىمىز

• ئىلگىرى مۇسۇلمان بولۇپ كېيىن ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغان دوستلارنىڭ، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىش گۇۋاھلىقىنى كۆپچىلىككە ھەمبەھىرلىشىنى ئۈمۈد قىلىمىز.

• مەسىھ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ۋە بىز كۆرسەتكەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن، مۇسۇلمان دوستلارنىڭ ئېتىقات توغرىسىدا قايتىدىن تەپسىلى ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمۈد قىلىمىز.

## ئىسلامنىڭ مەسىھ ئېتىقادىغا بولغان خاتا چۈشەنچىسى

• قۇرئان خاتا ھالدا، مەسىھ ئېتىقادىنىڭ ئۈچ بىرلىك تەلىمىنى ئاللا، ئەيسا ۋە مەريەمدىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھقا چوقۇنۇش دەپ قارىغان. بۇ مەسىھ ئېتىقادىغا پۈتۈنلەي خىلاپ بولغان خاتا قاراشتۇر.

• مۇھەممەت ئىنجىلدىكى « ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلىدۇر» دىگەن سۆزنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشەنگەن بولۇپ، مەسىھىيلەر ئەيسانى ئاللانىڭ جىسمانى جەھەتتە مەريەم بىلەن بىرلىشىپ تاپقان بالىسى دەيدۇ- دەپ ئويلاپ قالغان. بۇمۇ ئىنجىلنىڭ روھىغا پۈتۈنلەي خىلاپ بولغان كۇپۇر گەپتۇر.

• قۇرئاندا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىلا «مەسى ئەيسا» دەپ ئاتىغان. ئەمما «مەسى» دىگەن سۆزنىڭ زادى نىمە مەنىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرمىگەن. ئېھتىمال مۇھەممەتنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنى بىلمەسلىكى مۇمكىن.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزگىچىلىكى

• ھەتتا قۇرئان ئارقىلىق قارىغاندىمۇ، ئەيسا مەسىھنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمايدىغان خاسلىقى ۋە ئۇلۇغلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇ زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ خۇدانىڭ كالامى (سۆزى)، خۇدادىن كەلگەن روھ، غايىپتىن تۆرەلگەن (دادىسىز ھالەتتە پاك قىز مەريەمدىن تۇغۇلغان)، ھاياتىدا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ياراتقان، ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىقتا يۈز ئابرويى بار، خۇداغا يېقىن، خۇدا ئۇنى ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ئۇ قىيامەتتە ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلىشىنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر ...

ئۇنداقتا، قۇرئاندىكى «مەسى ئەيسا» پەقەت ئادەتتىكى بىر پەيغەمبەرمۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئۇ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمايدۇ؟ قۇرئان نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇنچە چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ؟

• قۇرئاندىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندىمۇ، ئەيسا مەسىھ بىردىنبىر گۇناھسىز پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەر (شۇنداقلا بارلىق ئادەملەر) گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان. مۇھەممەتمۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان بولۇپ، شۇڭا خۇدانىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا مۇھتاج بولىدۇ. پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرلا ھاياتىدا ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بىردىنبىر پەيغەمبەردۇر، بۇنى قۇرئانمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

• ئەيسا مەسىھتەك مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەر توغرىسىدا قۇرئاندا ناھايىتى ئاز ئۇچۇر بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. ئەگەر بىز ئىنجىلنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقساق، ئەيسا مەسىھنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھېچقانداق بىر ئادەمگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرى باشقا ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ پېشۋالىرى قىلغان تەلىملەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ۋە تەرغىپ قىلىشى باشقا ھەرقانداق دىنىنىڭ باشلامچىلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە جەمىيەتكە بەرگەن تەنقىدى ھەرقانداق بىر كىشىدىن كەسكىندۇر. ئۇنىڭ ئادەملەرگە قويغان تەلىپى ھەرقانداق بىر دىنى ئۇستازدىنمۇ ئۈزۈل-كېسىلدۇر.

• ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىشى، بۇ دۇنيادا قىلغان ئىش-ئىزلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا ئەھدە (تەۋرات) نىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ توغرىسىدا ئالدىن بەرگەن بېشارەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇپ، بۇ بېشارەتلەر ئەيسا مەسىھتىن نەچچە يۈز يىل ھەتتا نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن بېرىلگەنىدى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرىلىشى ۋە تىرىلىشى

• ئەيسا مەسىھ ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىنتايىن قورقۇپ كېتىدۇ، ئىرادىسىنىمۇ يوقىتىدۇ. ئۇلار ئۆز يۇرت-ماكانىغا قايتىپ جېنىنى باقماقچى بولىدۇ. ئەمما ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كېيىن، ئۇلار جاسارەتكە تولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن بۇ خۇش خەۋەرنى جاھانغا تارقىتىدۇ. ساتقۇن يەھۇدادىن باشقا، قېپقالغان 11 شاگىرتنىڭ ئىچىدىكى ئون شاگىرت ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش يولىدا ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ. شاگىرت يۇھاننامۇ پاتمۇس ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ كېيىنكى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ، ھەمدە ئىنجىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پارىسى «ۋەھىيلەر» نى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

• مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى 300 يىلىدا، يۈزمىڭلىغان مەسىھ ئېتىقاتچىسى شېھىت بولىدۇ. ئۇلار پەقەت ئەيسا مەسىھنىڭ يولىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرىلىدۇ.

• ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئەڭ دەسلەپكى جامائەتلەردىن تارتىپ تاكى

هازىرقى مەسىھ جامائەتلىرىگە قەدەر، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرىلىشى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىشى مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ يادرولۇق قىسمى بولۇپ كەلگەن.

• مۇھەممەتتىن بۇرۇنقى 600 يىل جەريانىدا، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىدىن سىرت يەنە نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدەك تارىخى پاكىتنى بىلەتتى. بۇ توغرىلىق نۇرغۇن تارىخچىلار ئاز بولمىغان خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

• قۇرئاندىكى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئاسمانغا كۆتىرىلىشى توغرىسىدىكى بايانلار تولىمۇ مۇجمەل بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە 600 يىلدىن كىيىن يېزىلغان.

• ئەگەر بىز خۇدا ئەيسا مەسىھنى كىرستتقا مىخلاشتىن بۇرۇنلا ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، كىرستكە مىخلانغىنى ئەيسا مەسىھ ئەمەس دىگەن گەپكە ئىشەنسەك، ئۇنداقتا، خۇدا كۆز بويامچىلىقتا تايىنىپ ئەيسا پەيغەمبەرنى قوغداپ قالغان دىگەن گەپكىمۇ ئىشىنىشكە توغرا كىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، خۇدا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرىنىمۇ ئالدىۋەتكەن بولىدۇ. ئۇلار خۇداغا ئالدىنىپ كىتىپ، ئەيسا مەسىھنى ئۆلدى ۋە تىرىلدى دەپ ئىشىنىپ، بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۇچۇن هاياتىنىمۇ بىھۇدە نابۇت قىلغان بولىدۇ. كىيىنكى 600 يىل جەريانىدىمۇ بارلىق مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇداغا ئالدىنىپ خاتا ئەقىدىگە ئەگىشىپ ماڭغان، تاكى مۇھەممەت كەلگەندىن كىيىن ئاندىن «راس ۋەقەلىك» ئاشكارلانغان بولىدۇ. بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك ۋە خۇداغا قىلىنغان هاقارەت ئەمەسمۇ؟

## ئەيسا مەسىھنىڭ قىلغان بەزى سۆزلىرى

• ـ ئەي جاپاكەش ۋە ئېغىر يۈكنى ئۇستىگە ئالغانلار، مىنىڭ يېنىمغا كىلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي. مۇلايىم ۋە كەمتەرمەن. شۇڭا مىنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمغا كىرىپ، مەندىن ئۆگىنىڭلار. شۇنداق قىلغاندا كۆڭلۈڭلار ئارام تاپىدۇ. مىنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمدا بولۇش ئاسان، تەلىپىم ئېغىر ئەمەس. (مەتتا 30ـ11:28)

• ـ بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن ئىبراهىم توغۇلماستىنلا بار ئىدىم. (يۇھاننا 8:58)

• ـ مەن يول، هەقىقەت ۋە هاياتلىقتۇرمەن. مىنىڭسىز هىچكىم خۇدا ئاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. (يۇھاننا 14:6)

• باش ۋە ئاخىر ئۆزۈمدۇرمەن، ئەزەلدىن هازىرغىچە ۋە مەڭگۇ بار بولىدىغان، هەممىگە قادىر بولغۇچىمەن. (ۋەھىلەر 1:8)

• شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلارغىمۇ مىھىرـمۇھەببەت

كۆرسىتىڭلار، زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار. (مەتتا 5:44)

## نېمە ئۈچۈن خۇدانىڭ سۆزى ئىنسان بولۇپ كېلىدۇ:

● خۇدا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ قىلالمايدىغان ئىش يوق. ئەجىبا، خۇدا ئۆزى ياراتقان ئىنسانلار ئارىسىغا بىر ئادىمزاتنىڭ سىياقىدا كېلەلمەسمۇ؟

● خۇدانىڭ ئۆزى ئادىمزات سىياقىدا ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىپ ياشاپ باققان، شۇڭا بىز: «خۇدا ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى چۈشەنمەيدۇ» دېيەلمەيمىز.

● ئەيسا مەسىھ ئىنسانلار بىلەن خۇدانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توساقنى ئېلىپ تاشلىغان.

## قۇرئاندىكى ئىنجىلغا ئائىت خاتىرىلەر

● قۇرئان ئىنجىلنىڭ ھەقلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەتتا ئىنجىلنىڭ نوپۇزىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

● قۇرئاندا ئىنجىلنى خۇدادىن كەلگەن مۇقەددەس كىتاب، خۇدانىڭ روشەن دەلىلى، ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، تەربىيىلىگۈچى، خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتى، توغرا يول، ئۇنى قوبۇل قىلىشتا ئارىسالدى بولماڭلار، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار، شۇنداق بولغاندا خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشەلەيسىلەر دېيىلگەن.

● قۇرئان تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنىڭ ھەقلىقىنى دەلىللەيدۇ.

● مۇھەممەت تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل قاتارلىق مۇقەددەس كىتاپلارغا ئىشىنىدۇ.

● قۇرئاندا ئەيسا مەسىھنى تەۋراتنىڭ ھەقلىقىنى دەلىللەيدۇ دېيىلگەن.

● قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا، تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەھلى كىتاپلارغا (يەھۇدى ۋە مەسىھىيلەرگە) نازىل قىلىنغان مۇقەددەس كىتاپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭلار دېيىلگەن.

● قۇرئاندا مۇھەممەت يەھۇدىلاردىن، قولىدىكى تەۋراتنى ياخشى ئوقۇشنى، ئۇنى يادىدا چىڭ تۇتۇشنى، ئۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

● قۇرئاندا مەسىھىيلەرنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئەمەل قىلىشنى، ئىنجىلنى ئېنىق ئىزاھلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

● مۇھەممەت كىشىلەرگە، ئەگەر قۇرئاندىن گۇمانلانساڭلار، بىرىپ ئىنجىل ئوقۇيدىغان مەسىھىيلەردىن سوراپ بېقىڭلار؛ ئەگەر بەرگەن تەلىمى

چۈشەنمىسەڭلار، ئۇنى چۈشىنىدىغان ئەھلى كىتاپلار (مەسىھىيلەر ۋە يەھۇدىيلار) دىن سوراپ بېقىڭلار؛ چۈنكى خۇدا ئۇلارنى مۇقەددەس كىتاپ ۋە روشەن دەلىللەر بىلەن ئەۋەتكەن.

● قۇرئاننىڭ ئۆزىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، خۇدا مۇقەددەس كىتابلىرىنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

● قۇرئاننىڭ ھېچقانداق بىرەر ئايىتىدە، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلارنى ئوقۇماڭلار دېيىلمىگەن.

## ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلىشى مۇمكىنمۇ؟

● مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمى (تەۋرات) ئەيسا مەسىھ دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا پۈتۈپ بولغان. 1947-يىلى قارا دېڭىز بويىدىكى قۇمران ئۆڭكۈرىدىن مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمىغا تەۋە نۇرغۇن قەدىمقى قوليازمىلار تېپىلغان بولۇپ، يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 100-225 يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قوليازمىلار خەلقارادا «ئۆلۈك دېڭىز قولىيازمىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى ھازىرقى مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمى (تەۋرات) بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تەۋراتنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىگە پولاتتەك ئىسپات بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىلادىيدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىردە ياشىغان يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كەلگۈسىدە كېلىدىغان ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا نۇرغۇن ئالدىن بىشارەتلەر بېرىلگەن.

● ئۇنىڭدىن سىرت، ئىنجىلنىڭ دۇنياغا تارقىلىپ كەتكەن قەدىمقى قولىيازمىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەممەتتىن بۇرۇنلا بارلىققا كېلىپ بولغان. ئۇلارنىڭ مەزمۇنىمۇ ھازىرقى ئىنجىل بىلەن ئوخشاش. بۇ تارىخى ماتېرىياللار سىرتقا ئۇچۇق-ئاشكارا بولۇپ، خالىغانچە دەلىللەش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

● ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىنجىلغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلاتتى.

● مۇھەممەتتىن تاكى ھازىرغا قەدەر، بىرمۇ ئادەم ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇنقى بىرەر ئىنجىلنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىغىنى يوق. مۇسۇلمانلار ئىنجىلنىڭ قانداقلارچە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، كىملەرنىڭ، قاچان (مۇھەممەتتىن بۇرۇنمۇ ياكى كېيىنمۇ)، قەيەردە (قايسى دۆلەت، قايسى شەھەردە)، نېمە سەۋەپتىن، قانداق ئۇسۇلدا، قايسى جايلىرىنى، نېمىگە ئۆزگەرتىۋەتكەن؟ مۇشۇنداق چوڭ بىر ئىشتا نېمىشقا ھېچقانداق تارىخى ئىز قالمىغان؟ مۇسۇلمانلار بۇ سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرەلمەيدۇ، ھەتتا بىرەر ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتمۇ تېپىپ بېرەلمەيدۇ.

• مۇقەددەس كىتاپنىڭ 40 تەك يازغۇچىسى بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان رايوندا ياشىغان، بىر-بىرسىنىمۇ تونىمايدۇ. مۇقەددەس كىتاپ 66 پارىدىن تەركىب تاپقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆنجىسى تەۋرات (ئالەمنىڭ يارىتىلىش)، ئوتتوردىسىكى زەبۇر، ئاخىرقىسى ئىنجىل (ۋەھىلەر) دۇر. ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ يېزىلىشىغا جەمئى 1500 يىلدەك ۋاقىت كەتكەن. گەرچە شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان رايونلاردىكى، ئۆزئارا تونۇشمايدىغان ئادەملەر يازغان بولسىمۇ، ئەمما مۇقەددەس كىتاپ باشتىن ئاخىر ئىزچىللىققا ۋە بىرلىككە ئىگە، شۇنداقلا تېمىسى ۋە مەزمۇنى ماسلاشقان بولۇپ، خۇددى بىرلا ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە پىلانى بويىچە يېزىلغاندەك قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تولىمۇ سىرلىق بىر ئەھۋال. ئەمىلىيەتتە مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەقىقى ئاپتورى خۇدانىڭ ئۆزىدۇر.

• مۇقەددەس كىتاپتا ئەڭ چوڭ بىر تېما بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ياراتقۇچى خۇدانىڭ ئۆزى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە قۇتقۇزۇش پىلانىدۇر. مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىلەر بىلەن يازغۇچىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى زىچ باغلىنىشقا ئىگە؛ ھەرقايىسى قىسىملار ئېنىق ئايرىلغان؛ تارىخى ئارقا كۆرۈنىش، ۋاقىت ۋە تىزىلىش جەھەتلەردە تەرتىپلىك؛ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى لوگىكىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولىشى، كىيىنكى ھالىتى، قۇتقۇزىلىشى، زامان ئاخىرىدا بولىدىغان ئىشلار ۋە دۇنيانىڭ ئاخىرلىششى قاتارلىقلار قەدەم-باسقۇچ بىلەن تونۇشتۇرۇلغان.

• مۇقەددەس كىتاپتا نۇرغۇن ئالدىن بىشارەتلەر بېرىلگەن بولۇپ (بولۇپمۇ ئەيسا مەسىھ ۋە ئىسرائىللار توغرىسىدا)، ئىنتايىن تەپسىلى ۋە ئېنىق سۆزلەنگەن. ئۇ بىشارەتلەر بىرمۇ-بىر ئەمەلگە ئېشىۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ قۇدرىتىدۇر. مۇقەددەس كىتاپتا 2000 يىل بۇرۇنلا، يەھۇدىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئۆز يۇرتى ئىسرائىلىيەگە قايتىپ كېلىدىغانلىقى ئالدىن بىشارەت قىلىنغان. 1948-يىلى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ كەتكەن يەھۇدىلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرىدۇ. ئىنجىلدا يەنە ساختا پەيغەمبەرنىڭ كېلىپ ئىنسانلارنى ئېزىقتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئالدىن بىشارەت بېرىلگەن.

## قۇرئان توغرىسىدا

• مۇھەممەت تۇنجى قېتىم قۇرئان ئايىتىنى قۇبۇل قىلغاندا ۋە كيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە، ئۆزىنى جىن-شەيتان قىيناپ ئازاپلاۋاتقاندەك ھىس قىلغان.

• خەلىپە ئوسماننىڭ دەۋرىدە، قۇرئاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوخشىمىغان قولىيازما نوسخىلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:61:510)

• هازىرغا قەدەر، مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ ئەڭ قەدىمقى قولىيازما نوسخىلىرىنى جەمىيەتكە ئۇچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلىپ باقمىدى. ئىلىم ساھەسىنىڭ ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىغا پۇرسەت بەرمىدى.

• مۇسۇلمانلار خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسانلارغا ۋەھى بولۇپ چۈشكەنلىكىگە ۋە ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى توپلاپ كىتاپ قىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنداقتا، نېمىشقا خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسانغا ئايلىنىپ ئادەملەر ئارىسىغا كەلگەنلىكىگە ئىشىنەلمەيدۇ.

• مۇھەممەتكە پەقەت قۇرئانلا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، قۇرئانغىمۇ پەقەت مۇھەممەتلا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ.

• ئەگەر قۇرئاننىڭ ھەر بىر سۆزى ئەرشتىكى ئىلاھى تاختىغا يېزىلىپ مەڭگۈلۈك قوغدىلىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ «مەنسۇخ» بولۇشى (يېڭى چۈشكەن ئايەتنىڭ كونا ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى) قانداق گەپ؟

• قۇرئان ئىنجىلنى دەلىللەيدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، ئۇ ھېچقاچان ئىنجىلنىڭ ھەقلىقى ۋە نوپۇزىنى ئىنكار قىلغان ئەمەس. ئەمما ئىنجىلدا قۇرئانغا ماس كەلمەيدىغان ھەتتا زىت كېلىدىغان مەزمۇنلار بار. قۇرئاندا ئىپادىلەنگەن ئېتىقات ۋە بەزى تارىخى خاتىرىلەر ئىنجىلدىكى ئېتىقات ۋە خاتىرىلەرگە ماس كەلمەيدۇ.

• تارىخ ۋە ئارخىلوگىيىلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قۇرئاندا نۇرغۇن ئېغىر خاتالىقلار بار.

## مۇھەممەت توغرىسىدا

• مۇھەممەت ئەيسا مەسىھتەك مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ باقمىغان، قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا ئۇ توغرىلىق ئالدىن بىشارەتمۇ يوق. ئەمما ئەيسا مەسىھ توغرىلىق نۇرغۇن بىشارەتلەر بار.

• مۇھەممەتنىڭ تارقاتقان تەلىمى بىلەن بۇرۇن نازىل بولغان ئىنجىلنىڭ تەلىمى ماس كەلمەيدۇ.

• مۇھەممەت باشقىلارغا، ئىنجىلدا مەن توغرىلىق سۆزلەنگەن دەيدۇ، ئەمما ئىنجىلدا ئۇ تىلغا ئېلىنىپ باقمىغان.

• قۇرئاندا مۇھەممەت پەقەت ئەرەپلەرنىڭ پەيغەمبىرى، ھەر بىر مىللەتنىڭ بىر يېتەكچىسى بار دېيىلگەن. ئۇندىن باشقا يەنە، خۇدا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا كىتاپ چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ دېيىلگەن.

## مۇھەممەتنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى

● مۇھەممەت خۇدادىن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ.

● قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىسلام تارىخىغا قارىساق، ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى بىلەلەيمىز. ئۇ مەككىنىڭ سودا كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. ئىسلامنى زوراۋانلىقتا تايىنىپ تارقىتىدۇ، باشقىلارنى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ، ئىشەنمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ مەدىنىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن شەخسى ئاداۋىتى بار بىر نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگۈزىۋېتىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى مەسخىرە قىلغان شائىرلارمۇ بار ئىدى. مۇھەممەتنىڭ قولىدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قېنى ئاققان بولۇپ، ھەتتا تەسلىم بولغان نەچچە يۈز يەھۇدى ئەسىرنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ، يەھۇدى ۋە مەسىھيلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى بۇلاپ ئۆزۈڭلەرگە خوتۇن قىلىڭلار، ئايال قۇللار ئارقىلىق جىنسى ھىسسىياتىڭلارنى قاندۇرساڭلار بولىدۇ دەپ ئۆگىتىدۇ. بۇ ئايال قۇللارنىڭ ئەرلىرى ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىنى مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

● ئۇ باشقا مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ پەقەت تۆت خوتۇن ئېلىشىغا يول قويىدۇ، ئەمما ئۆزى بولسا ئونەنەچچە خوتۇن ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ ئايالى زەينەپ ۋە يەتتە ياشلىق نارىسىدە قىز ئائىشەلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ يەنە ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارنى توقال ۋە قۇل قىلىدۇ.

● ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ساختا پەيغەمبەرلەردىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئۇلار قىشىڭلارغا كەلگەندە، قوي تېرىسىغا ئورىنىۋالغان بولىدۇ، ئەمما ئىچى بولسا يىرتقۇچ چىلبۆرىدۇر. ئۇلارنىڭ بەرگەن مېۋىسىگە قاراپ تونىۋالالايسىلەر. يامان دەرەخ ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ». بىز مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىدىن بۇنى كۆرىۋالالايمىز.

## ئىسلامنىڭ جەننىتى توغرىسىدا

● جەننەتكە كىرگەن ئەرلەرنى كۈتىدىغان چىرايلىق قىزلار بار.

● ئەگەر ئاياللارمۇ جەننەتكە كىرەلىسە، ئۇنداقتا قۇرئاندا نېمىشقا ئاياللارغا بېرىلىدىغان ئىلتىپات سۆزلەنمەيدۇ.

● ئىسلام دىنىدا ھاراق ھارام دېيىلگەن بولۇپ، ئىچىش چەكلىنىدۇ. ئەمما ئىسلامنىڭ جەننىتىدە ھاراق ئىچىشكە بولىدۇ. يەر يۈزىدە ھارام بولغان نەرسە ئەجەپ جەننەتتە ھالال بولۇپ قاپتۇ، يەر يۈزىدە خاتا دېيىلگەن ئىش ئەجەپ جەننەتتە توغرا بوپقاپتۇ ھە؟

## ئەر ۋە ئاياللار توغرىسىدا

● قۇرئاندا، ئەرلەر ئاياللاردىن تېخىمۇ ئىسىل، ئاياللار ئەقىل ۋە ئېتىقات جەھەتتە ئەرلەرگە يېتەلمەيدۇ، ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى ئاياللاردىن بىر دەرىجە يوقىرىدۇر، دېيىلگەن.

● ئەرلەر ئاياللىرىنى ئۇرسا بولىدۇ. ئاياللار خۇددى ئېتىزلىقتا ئوخشاش بولۇپ، ئەرلەر ئۇلارغا خالىغانچە ئۇرۇق تېرىسا بولىدۇ.

## ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

● مۇھەممەت باشقىلار تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ، شۇ سەۋەپتىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنلىرى، ئەڭ يېقىن ئەگەشكۈچىلىرى ۋە باشقا ساھابىلىرى ئوتتورىسىدا ھوقۇق ۋە مال-دۇنيا تالىشىپ زىددىيەت پەيدا بولغان. تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرى، ئاتالمىش «ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرى» ۋە كېيىنكى ئىسلام تارىخىدا، مۇسۇلمانلار نۇرغۇن قېتىم باشقا خەلقلەرگە ئۇرۇش قوزغىغان، قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان. ئۇلار ئۆز ئىچىدىمۇ مەزھەپ ئۇرۇشى قىلىپ، نۇرغۇن قان تۆككەن.

● مۇھەممەت ئىسلامدىن يېنىۋالغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار دەپ بۇيرىغان. شۇ سەۋەپتىن ئاتاقتا مۇسۇلمان بولۇپ قالغان نۇرغۇن ئادەملەر، گەرچە چىن قەلبىدىن ئىسلامغا ئىشەنمىسىمۇ، ئەمما تاشقى شەكىل جەھەتتىن بولسىمۇ، يالغاندىن ئىسلامغا ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا مەجبۇردۇر.

## جىھاد ئۇرۇشى

● قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا، مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئاكتىپلىق بىلەن جىھاد ئۇرۇشىغا قاتنىشىش كېرەك، دەپ تەلىم بېرىلىدۇ.

● ئىسلامدا (قۇرئان ۋە ھەدىستە)، ئەگەر مۇسۇلمانلار جىھاد ئۇرۇشىدا شېھىت بولسا، ئاللا ئۇلارنىڭ پۈتۈن گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇدۇل جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ جىنسى ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل ھۆر پەرى قىزلار بار، دەپ تەلىم بېرىلىدۇ.

● ئۆچمەنلىك ۋە ئىنتىقام ئېلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈرتكىلىك كۈچتۇر.

● ئىسلامنىڭ كۆتىرىلىپ چىقىشى، مەۋجۇد بولۇشى، تەرەققى قىلىشى، ھەمدە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، زوراۋانلىق قىلالىشىدا، جىھاد ئۇرۇشى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تەلىمىدىن كېلىپ

چىققان. شۇڭا ئىسلام دىنى ھەرگىزمۇ تىنچلىق دىنى ئەمەستۇر.

**ئاساسلىق ئېتىقات**

● قۇرئاندا، ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرگە، مەسىلەن قۇتقۇزۇلۇش ۋە گۇناھنى يۇيۇش قاتارلىقلارغا ئېنىق جاۋاپ بېرىلمىگەن.

● ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ، پەقەت بىر قىسىم ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىقلا، ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. گۇناھكار ئادەم خۇدانىڭ ھوزۇرىغا (جەننەتكە) ھەرگىز كىرەلمەيدۇ، چۈنكى خۇدا پاكتۇر.

● ئويلاپ باقىلى، ئەگەر بىز بۇگۈن ئۆلۈپ كەتسەك، نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلەمدۇق؟ جەننەتكىمۇ ياكى دوزاققىمۇ؟ قىيامەتتىكى سوراقتا بىزنى نىمە ساقلاۋاتقاندۇ؟ ئاشۇ ئاخىرقى سوراقتا، بىز قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىز بىلەن بارلىق گۇناھلىرىمىزنى يۇيالارمىزمۇ؟

● ھەتتا مۇھەممەتمۇ، ئاخىرقى سوراقتا ئۆزىنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى قانداق ئاقىۋەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

**مەسىھ ئېتىقاتىدا**

● خۇدا ئەسلىدىنلا ئىنسانلارنى سۆيىدۇ، بۇ ئۇنىڭ تەبىئىتىدۇر. شۇڭا خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئىشلارنى قىلىش ھاجەتسىز.

● ئەگەر مۇسۇلمانلار خۇدانى ھەقىقى ھۆرمەتلىسە، ھەمدە چىن قەلبىدىن ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن خۇداغا دۇئا قىلسا، خۇدا قۇبۇل قىلىدۇ.

○ ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مىنىڭ نامىمدا مەيلى نىمىلا تىلەڭلار، مەن ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. بۇ ئارقىلىق خۇدا ئاتامغا شان-شەرەپ كەلتۈرىمەن. ئەگەر مىنىڭ نامىم بىلەن تىلىسەڭلار، ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن». (يۇھاننا 14: 13، 14: 13)

○ مۇسۇلمانلار خۇداغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلسا بولىدۇ: «ئى خۇدا، سەن ئاسمان-زىمىننىڭ ياراتقۇچىسى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسىسەن. ئىبراھىم، ياقۇپ، ئىسھاق ۋە مۇسا پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇداسىسەن. سەن باشلىغۇچى ۋە ئاخىرلاشتۇرغۇچى، بىردىنبىر ھەقىقەت مەنبىئى، مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئىگىسىدۇرسەن. مەن سىنىڭ ھەقىقىتىڭنى ئىزدەيمەن، ھاياتىمدا ئىرادەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، سىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىڭگە ئىنتىزارمەن. ئى خۇدا، ئەگەر سەن مىنى ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن دۇئا قىل دىسەڭ، ماڭا بۇنى ئېيتقىن، قەلبىمنى ئاچقىن. رەببىم، ھەقىقىتىڭنى ماڭا ئايان قىلغىن، توغرا يول زادى

ئەيسا مەسىھمۇ ياكى مۇھەممەتمۇ؟ مەن ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ، بىر ئۆمۈر سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رازى. بۇ دۇئانى ھەقىقەتنىڭ نامى بىلەن قىلىمەن، ئامىن.»

○ ئەگەر ئەيسا مەسىھنى قۇبۇل قىلماقچى بولسىڭىز، مۇنداق دەپ دۇئا قىلسىڭىز بولىدۇ: «مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھكار ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. خۇدانىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈشىگە مۇھتاجمەن. مەن توۋا قىلىپ، گۇناھتىن قۇتۇلۇشنى خالايمەن. مەن ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن كىرستتا قۇربانلىق بەرگىنىگە ۋە تىرىلگىنىگە ئىشىنىمەن. مەن ئەيسا مەسىھنى قەلبىمگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىمەن. ئۇنىڭ مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ھاياتىمنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ۋە ئىگىسى بولۇشنى خالايمەن. بۇ دۇئانى ئەيسا مەسىھنىڭ مۇقەددەس نامى بىلەن قىلىمەن، ئامىن.»

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيسا مەسىھكە يۈزلىنىشى

● ئىسلام دىنى شىمالى ئافرىقىنىڭ غەربى قىرلىرىدىن تارتىپ تاكى شەرقى ئاسىيادىكى ھىندۇنىزىيەگىچە تارقالغان بولۇپ، 49 دۆلەت، 1 مىليارد 600 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزىگە خاس تىل، مەدىنىيەت ۋە تارىخقا ئىگە بولغان 9 چوڭ رايوندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار غەربى ئافرىقا، شىمالى ئافرىقا، شەرقى ئافرىقا، ئەرەپ رايونى، پارىس رايونى، تۈرك رايونى، جەنۇبى ئاسىيانىڭ غەربى ۋە شەرقى رايونى، شەرقى جەنۇبى ئاسىيا قاتارلىقلاردۇر.

● مۇھەممەت جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ ئىسلام دىنىنى ئەرەپ رايونىغا تارقىتىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە كېيىنكى مۇسۇلمانلار داۋاملىق دىنى ئۇرۇش قوزغاپ، شىمالى ئافرىقا، غەربى ئاسىيا، ئىران، ھىندىستاننىڭ شىمالى، ئوتتورا ئاسىيا قاتارلىق رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. بۇ رايونلاردىكى مىليونلىغان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ياشايدۇ. تارىختا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، باشقا رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن، ياكى بېسىمغا چىدىماي ئىسلام دىنىنى قۇبۇل قىلغان. بىراق شۇنداقتىمۇ، يەنىلا نۇرغۇن ئېتىقاتچىلار ئۆزىنىڭ ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، 19-ئەسىردىن بۇرۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزلىكىدىن كەڭ كۆلەمدە مەسىھ ئېتىقاتىنى قۇبۇل قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ باقمىغانىدى.

● مىلادى 19-ئەسىردىكى غەرپ مۇستەملىكچىلىكى ۋە دىن تارقىتىش ئەۋج ئالغان دەۋردە، گوللاندىيەگە قاراشلىق شەرقى ھىندىستان (ھازىرقى ھىندۇنىزىيە) ۋە

كابىلىيە (ھازىرقى ئالجىرىيەنىڭ بەبەر رايونى) قاتارلىق ئىككى رايوندىكى ئالاھىدە ئەھۋالنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ توپ-توپى بىلەن مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىشى كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. ھىندونېزىيەنىڭ ياۋا ئارىلىدىكى يەرلىك خەلقتىن بولغان خوش خەۋەر تارقاتقۇچى «رابىن ئاباس سادراچ سوراپراناتا» (1835-1924) ياۋا تىلىغا يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىنجىلنى قولىدا تۇتتۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە دىنى ئۇستازلىرى بىلەن كۈچلۈك مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردۇ. كېيىن مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلغانلارنى تەشكىللەپ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە جامائەتلەرنى قوردۇ. 1924-يىلى سادراچ ئالەمدىن ئۆتكەندە، ياۋا ئارىلىدا بىر ئىككى تۈمەن ئەتراپىدا يەرلىك ئېتىقاتچى بولۇپ بولغانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا «ياۋا ئارىلىدىكى مەسىھ ئەلچىسى-سادراچ» دەپ نام بېرىدۇ.

- 1965-يىلى 10-ئايدا، ھىندونېزىيەدىكى كوممونىزىمچىلارنىڭ سىياسى ئۆزگىرىشى مەغلۇپ بولىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھىندونېزىيە پۇقرالىرى چوقۇم بەش چوڭ دىنىنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى تالالاپ ئېتىقات قىلىشى كېرەك دەپ جاكارلايدۇ. بۇ بەش چوڭ دىن ئىسلام دىنى، خرىستىيان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپى ۋە پىروتاستىن مەزھىپى، ھىندى دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىقلار ئىدى. نەتىجىدە 2 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى مۇسۇلمان بولۇپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر خۇدانىڭ خوش خەۋىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

- 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، دۇنيانىڭ 8 يېرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ-كۆلەمدە ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش ھەركىتى يۈز بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىككىسى ئېراندا، بىرسى ئالجىرىيەدە، ئىككىسى بىنگالدا، ئۈچى ئوتتورا ئاسىيادا يۈز بېرىدۇ.

- 1979-يىلى ئېراندا ئىسلام ئىنقىلابى پارتلاپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئېرانلىقلار ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەتنى قۇتقۇزىدىغان «خاسىيەتلىك دورا» ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ. 1980-يىللىرى شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئىنجىلنى ئاڭلاشنى خالايدىغانلار بارغانسىرى كۆپىيىدۇ. گەرچە ئېران ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق بېسىمى ۋە زىيانكەشلىكى بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ئېرانلىقلار ئىچىدە ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغانلار بارغانسىرى كۆپىيىدۇ.

- 1980-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 1990-يىللىرى، ئالجىرىيەنىڭ ھەربى ھۆكۈمىتى بىلەن ئىسلامىزىمچىلار ئوتتورىسىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ، يۈزمىڭدىن ئارتۇق پۇقرا ئۆلۈپ كىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كابىلىيەدىكى بەبەرلەر ئىسلامدىن باشقا چىقىش يولى ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ. مىڭلىغان ئونمىڭلىغان ئادەملەر رادىئو پىروگىراممىسىدىن ياكى قانۇنسىز تارقىتىلغان «ئەيسانىڭ تەرجىمھالى» دىگەن

كىنونى كۆرۈش ئارقىلىق، ئەيسا مەسىھنى تونۇيدۇ ۋە يۈشۈرۈن ھالدا ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

• بىنگال دۆلىتى 1971-يىلى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى توقۇنۇشلىرى ۋە زىيانكەشلىكلىرى توختىماي، خەلققە نۇرغۇن ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كىلىدۇ. 1990-يىللىرى، خۇش خەۋەر بىنگالدا تېز سۈرئەتتە تارقايدۇ. نەچچە ئونمىڭلىغان مۇسۇلمانلار ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىپ چۆمۈلدۈرۈلىدۇ.

• 1990-يىللىرىنىڭ بېشىدا سوۋىت ئىتتىپاقى پارچىلىنىدۇ. سوۋىتنىڭ دىنسىزلىق تەربىيىسىدە ياشاۋاتقان ئوتتورا ئاسىيادىكى مىليونلىغان تۈركى خەلقلەر تۇساتتىنلا ئازاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئامىرىكا، ياۋروپا، كورىيە ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان خۇش خەۋەر تارقاتقۇچىلار ئوتتورا ئاسىياغا كىلىپ، يەرلىك تۈركى خەلقلەرگە خۇش خەۋەر تارقىتىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندىكى يەرلىك خەلقلەردە مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى كۆپىيىپ، مەسىھي جامائەتلەرمۇ بارلىققا كىلىدۇ.

• 21-ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنكى 20 يىلدا، 49 مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ ئىچىدىكى 60 نەچچە جايدا خۇش خەۋەر كەڭ تارقىلىدۇ. كەم دىگەندە 17 دۆلەتتە بۇرۇنقى مۇسۇلمانلاردىن ئۆزگەرگەن مەسىھيلەر توپى شەكىللىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرسىدە كەم دىگەندە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چۆمۈلدۈرۈلىدۇ، يۈزدىن ئارتۇق گۇرۇپپا شەكىللىنىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى نەچچە ئونمىڭدىن ئېشىپ كىتىدۇ. نۆۋەتتە دۇنيادا ئىسلامدىن يېنىپ مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى 2 مىليوندىن 7 مىليونغىچە بولىشى مۇمكىن.

• ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ بېسىمى ۋە تۆلەيدىغان بەدىلى ناھايىتى ئېغىردۇر. ئۇلار دەسلەپ باشلانغاندا، پەقەت نەچچىلا ئادەم يېغىلىپ دۇئا قىلىدۇ. كېيىن بارغانسىرى كۆپىيىپ خېلى چوڭ توپ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمىيەتتە ئېقىمغا قارشى ئۆرلەيدۇ.

• بۈگۈنكى كۈندە، خۇدانىڭ مۇسۇلمانلارنى ھەقىقەتكە باشلاشتا ئىشلەتكەن ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىشەنچ، دۇئا، ھەر خىل تىللاردىكى ئىنجىل كىتاپ، مۇقەددەس روھنىڭ كۈچى، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ كەچۈرمىش گۇۋاھلىقلىرى، باشقا ئېتىقاتچىلاردىن ئۆگىنىش، مىدىيە-تاراتقۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئىزدىنىشى، ئىسلامنىڭ زوراۋانلىقى ۋە ئۇرۇش-جىدەللىرى، قۇرئاندا قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئېنىق دەلىلى بولماسلىقى، ئېتىقات شەكلىنى يەرلىكلەشتۈرۈش قاتارلىقلار.